# چىقىپ خورما يىغىپ كېلىۋىرىڭ، بەلكى سىز ئۇ خورمىلارنى سەدىقە قىلارسىز، ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلارسىز

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ هاممام يولدىشىدىن سۆزىنى ئالغاندا، ئۇ ئىددەت جەريانىدا خورمىزارلىقىقا چىقىپ خورما يىغىشقا ماڭغاندا بىر كىشى ئۇنى سىرىتتا يۇرۇۋشتىن توستى. ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ھەقتە سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: بەلكى چىقىپ خورما يىغىپ كېلىڭ، بەلكى سىز ئۇ خورمىلارنى سەدىقە قىلارسىز، ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلارسىز، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇرغان، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ هاممىسى يولدىشى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەندە خورمىزارلىقىقا چىقىپ خورما يىغىشقا ماڭغان، شۇ ۋاقىتتا بىر كىشى ئۇنى سىرتتا يۇرۇۋشتىن توسقان. ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ھەقتە سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: بەلكى چىقىپ خورما يىغىپ كېلىڭ، بەلكى سىز ئۇ خورمىلارنى سەدىقە قىلارسىز ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلارسىز، دېگەن، بۇنىڭدىن كەسكىن تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى، ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشىغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ، ئومۇمەن ئىددەت ئېچىدىكى ئايالارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولسىمۇ ئەمما كەسكىن تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۆزىنىڭ هاجەتلىرى ئۈچۈن چىقسا بولىدۇ، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ ئۆيى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن، بۇ ئىبادەت قىلىش، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇش ۋە ياخشى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلايدىغانلار ئۈچۈن بولسا، باشقىلار ئۈچۈن قانداق بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58163

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee